# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي

31

دۈشەنبە

维吾尔文 8 月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25170 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق قايتقان ئوۋروپا پويىزلىرىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى بولتۇرقى ئومۇمىي مىقداردىن ئېشىپ كەتتى

## جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئىمپورت يۈك توشۇش مىقدارى تۇنجى قېتىم 1 مىليون توننىدىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭ ـ ۋېيىنىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگە قەدەر، بۇ يىل ئالاتاۋ پورتىدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 116 مىڭ 900 تونناغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت يۈك توشۇش مىقدارى 1 مىليون 106 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئىمپورت يۈك توشۇش مىقدارى تۇنجى قېتىم 1 مىليون توننىدىن ئاشقان.

يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدىكى نورغۇن جايدا پارتلاش خاراكتېرلىك تارقالغاندىن بۇيان، دېڭىز ترانسپورتى ۋە ھاۋا ترانسپورتىنىڭ ئۇچرىغان تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولدى، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ۋاقىت ئۈنۈمى تېز، پۈتۈن شارائىتلىق بولۇش، باسقۇچقا بۆلۈپ توشۇشتەك خاس ئەۋزەللىككە تايىنىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق كۆۋرۈك ۋە يولغا ئايلاندى ھەم «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كەسىپ زەنجىرى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقى خوشۇتتا يىلتىز تارتتى

# كىچىككىنە چۈجگۈن قوناق كېيىنەكسىمان ئۆزگىرىپ چوڭ كەسىپكە ئايلاندى

خاس تېرىقچىلىققا قانداق كۈچەش كېرەك ⑤

□ گېزىتىمىزنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن جوۋ خەيشيا

بىر تال چۈجگۈن قوناق ئۇرۇقى بىر پارچە تۇپراققا قانچىلىك زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟

«جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قوناق سورتى خوشۇت ناھىيەسىدە كېڭەيتىپ تېرىلغان سەككىز يىلدىن بۇيان، نوقۇل ھالدىكى تېرىقچىلىق تۈرىدىن شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى «ئالتۇن» كەسىپكە ئايلاندى.

### جاڭجياكوۋدىن خوشۇتقا ماكانلاشتى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، خوشۇت ناھىيەسى چۇقۇ بازىرى دۆڭدۈ قۇدۇق كەنتىنىڭ ئېتىزلىرىدىكى «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقى دان تۇتۇشقا باشلىدى، كەنت ئاھالىسى ليۇ يامىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېگىلىپ كەتكەن، ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان قوناق باشاقلىرىغا قاراپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىلقى ھوسۇلغا گەپ كەتمەيدۇ».

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ليۇ يامىڭ 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقى تېرىغان بولۇپ، تۇنجى يىلى 60 مو يەرگە تېرىپ، 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى، بۇ يىل تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ 2100 مودىن ئاشۇردى.

2011 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جاڭجياكوۋ شەھىرىدىن 1 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىرلار خوشۇت ناھىيەسىگە كېلىپ، شۇ جايدىكى تۇپراقنىڭ قۇملىششىنىڭ ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرغاق، سۇ كەمچىل، يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ كىرىمىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىردا جاڭجياكوۋ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ئۇسۇلدا تاللاپ يېتىشتۈرگەن قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان، سۇ تېجەيدىغان، ھوسۇلى يۇقىرى، ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك بولغان «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقىنى بۇ جايدا كېڭەيتىپ تېرىشنى بېكىتتى.

2012 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيەسى شىمالدىكى تاغلىق رايوندا 50 مو يەرگە «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقىنى سىناق قىلىپ تېرىدى، شۇ يىلى مو بېشى ھوسۇلى 200 كىلوگرام بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

تېرىقچىلىق تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خوشۇت ناھىيەسىدە بىر مو بۇغداينى تېمىتىپ سۇغىرىشقا 500 كۇب مېتىر سۇ كېتىدىكەن، ھالبۇكى، «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقىنىڭ ھوسۇلىنى تەبىئىي ھۆل ـ يېغىنغا تايىنىپلا ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. قاقاسلىققا تېرىلغان «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 200 كىلوگرام ئىكەن، ئەگەر ھەر مو يەر 100 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىلسا، مو بېشى ھوسۇلىنى 400 كىلوگرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىنى يەم ـ خەشەك قىلىپ قوي ـ كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باققىلى بولىدىكەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش

چۈجگۈن قوناق قەدىمدە «جى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «بەش دانلىق زىرائەتنىڭ بىرىنچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن. «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقى جاڭجياكوۋ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى يېتىشتۈرگەن قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان، سۇ تېجەيدىغان، كېسەللىككە، يېتىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرالايدىغان، ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرالايدىغان، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر يۈرۈش شالغۇت چۈجگۈن قوناق يېڭى سورتى بولۇپ، ھوسۇلى يۇقىرى، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئەلا سۈپەتلىك، ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، «جاڭزاگۇ» چۈجگۈن قونىقى خوشۇتتا ماكانلىشىپ يىلتىز تارتتى ھەم ئەتراپتىكى بۈگۈر، خېجىڭ قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ 5000 مودىن ئارتۇق يەرگە تېرىشقا تۈرتكە بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە ئېكولوگىيە ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى.





خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

## ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى ۋەزىيىتىنى كېڭەيتەيلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 ـ بەتتە


باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا بايراق بەرگەنلىكى ھەم تەلىم سۆزى قىلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

## جان ـ دىلىمىز بىلەن خەلق ئامانلىقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، ياڭ شۈخەن، چېن چياڭۋېي

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى بايرىقى بېرىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى تېزدىن كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جان ـ دىلىمىز بىلەن خەلق ئامانلىقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايمىز.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق سىياسىي قانۇن كادىرلىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى دەۋردىكى سىياسىي قانۇن كادىرلىرىنىڭ شەرەپلىك تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىشقا چاقىردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 96 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېي خەۋەر قىلدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 96 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئۇنۇېرسال خەۋپ ـ خەتىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بويىچە باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قارىتىلغان ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتى كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە ئۇزارتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېينىڭ شىنجاڭ يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايون يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قارىتىلغان ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش مۇددىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۇزارتقان بولۇپ، 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە كېچىكتۈرگەن.

مۇددەتنى ئۇزارتىش سىياسىتىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 13 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 13 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كەڭ ئاچتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ليۇ ۋېيبىن، جۇ جىنخۇي

ھازىر، مېۋە ـ چېۋىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پىشتى، كۆكتاتلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ بازارغا سېلىنىدى، چارۋىلار، ئۆي قۇشلىرى سېتىلىشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى توپلاپ، سېتىش يوللىرىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق كېڭەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇچىدىن ئىستېمال ئۇچىغا ئۇزۇلدۇرمەي يەتكۈزۈپ، بازار تەمىناتىنىڭ تولۇق بولۇشىغا، دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئالتاي ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلار سېتىش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇرۇپ، دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىدىن نۇقتىغا سېتىشقا تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، سودا ئوبوروت كارخانىلىرى بىلەن دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىقلارنى ئۇدۇللىششقا ماسلاشتۇرۇپ، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلدى.

«بۇ يىل نەشپۈتلەرنى ياخشى باھادا ئوڭۇشلۇق ساتالايدىغان بولدۇم، ھېلىمۇ ياخشى ھۆكۈمەت قۇرغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سۇپىسى بار ئىكەن.» 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بۈرچىن ناھىيەسىنىڭ قوستىق بازىرى ئاقتېرەك كەنتىدىكى باغۋەن يىن شيەنجۈنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆستۈرگەن يۈز نەچچە مو يەردىكى شەرقىي شىمال نەشپۈتى پۈتۈنلەي زاكاز قىلىنىپ بوپتۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



باغراش كۆلىدە كۆزلۈك بېلىق تۇتۇش

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باغراش كۆلى «نىلۇپەر دۇنياسى» مەنزىرە رايونى بۆلىكىدە، بېلىقچىلار كۆزلۈك بېلىق تۇتماقتا. كۆل يۈزىنى لىق قاپلىغان نىلۇپەرلەر بىلەن ئۆزۈپ ئۆتكەن بېلىقچىلىق كېمىسى بىرلىشىپ كۆزلۈك بېلىق تۇتۇشنىڭ كاتتا مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلدى.

□ چۆ. خۇرە فوتوسى

مىڭ چاقىرىمغا بىر رېلىس ياتقۇزۇلدى تاراق ـ تاراق ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان بولدى

## گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسىنى ئۇزۇن رېلىستا تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ، ئىختىيارىي مۇخبىر لىي خاۋنىڭ جۇڭگو تۆمۈريول 1 ـ ئىدارىسى گۇرۇھى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى رېلىس ياتقۇزۇش تۈر بۆلۈمىدىن ئىگىلىشىچە، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە ئۇزۇن رېلىسنى ئالماشتۇرۇپ ياتقۇزۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسىدە «مىڭ چاقىرىمغا بىر رېلىس ياتقۇزۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلغان، پويىز قاتنىغاندىن كېيىن پويىز چاقى بىلەن رېلىس ئارىسىدىكى «تاراق ـ تاراق» ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن.

جۇڭگو تۆمۈريول 1 ـ ئىدارىسى گۇرۇھى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى رېلىس ياتقۇزۇش تۈر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى خۇاڭ كېجۈن مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنىڭ ئۈزلۈكسىز سۈرئەتنى تېزلىتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ئەگىشىپ، 500 مېتىرلىق ئۇزۇن رېلىس تەدرىجىي ھالدا ئەنئەنىۋى قىسقا رېلىسنىڭ ئورنىنى ئالدى. لايىھە بويىچە، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسىگە ياتقۇزۇلماقچى بولغان رېلىس 500 مېتىرلىق ئۇزۇن رېلىس بولۇپ، ھەربىر بۆلەك ئۇزۇن رېلىس يوچۇقسىز كەپشەرلەش ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن لىنىيەدە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1213.7 كىلومېتىر كېلىدىغان يوچۇقسىز رېلىس شەكىللەندۈرۈلمەكچى ئىدى. شىنجاڭ بۆلىكىدە، لىنىيەدە نۇرغۇن تونېل ۋە كۆۋرۈكلەر بولۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)